


دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى

# ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چېن چياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 4 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ چىرا ناھىيەسى چىرا بازىرى ئۇۋادى كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى خې خۇڭشىڭ خىزمەتداشلىرى بىلەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ سوغۇق ساقلاش ئامبىرىدىكى پىچەكگۈللەرنى رەتلەشكە ياردەملەشتى، بۇ كۈنى ئۇلار 600كىلوگرام پىچەكگۈلنى دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق توك بىلەن تەمىنلەش شىركىتىگە ماڭدۇراتتى. بۇ يىل، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بۇ شىركەت خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتكەن چىرا ناھىيەسىدىكى 12 كەنتنىڭ 20 مىليون يۈەنلىك يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتىنى سېتىۋېلىشنى پىلانلىدى.

مەتتۇردى ئابلىز ئۇۋادى كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە، ئائىلىسىنىڭ 25مو يېرى بار بولۇپ، 2012 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى ئىككى ـ ئۈچ مو يەرگە پىچەكگۈل تېرىپ، ھوسۇل ئالغاندىن كېيىن، پۈتۈنلەي ئۆزى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ كېلىۋاتاتتى. 2018 ـ يىلى، مەتتۇردى بەش مو يەرگە پىچەكگۈل تېرىپ، شۇ يىلى تەخمىنەن 50مىڭ يۈەنگە ساتتى. 2019 ـ يىلى، ئۇ بىراقلا 13 مو يەرگە پىچەكگۈل تېرىدى. ئەمما ئويلىمىغان يەردىن، بۇ يىلى يېقىن ئەتراپتىكى يېزا ـ كەنتلەردىمۇ پىچەكگۈل تېرىلغۇ كۆلىمى كېڭىيىپ، پىچەكگۈلنىڭ باھاسى چۈشۈپ كەتتى، ھەتتا سېتىش قىيىنلاشتى. مەتتۇردى سېتىش يولى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندا، خې خۇڭشىڭ ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ياردەم بېرىپ ۋاستىچى بولدى، مەتتۇردى ئائىلىسى شۇ يىلى ھوسۇل ئالغان پىچەكگۈلنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ، 60 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلدى.

«بۇ ئىككى كۈن پىچەكگۈل تېرىيدىغان ۋاقىت، بۇ يىل مەن ئون مو يەرگە پىچەكگۈل تېرىدىم. ئىشىنىمەنكى، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، پىچەكگۈللەرنىڭ سېتىلىش يولىدىن غەم قىلمايمىز» دېدى مەتتۇردى.

ئۇۋادى كەنتىدە پىچەكگۈل تېرىش 20 يىلغا يېقىن تارىختا ئىگە بولۇپ، تېرىلغۇ كۆلىمىمۇ دەسلەپكى 20 نەچچە مودىن كۆپىيىپ ھازىرقى 300 موغا يېتىپ، نۇرغۇن نامرات ئائىلە شۇ ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇردى.

«2017 ـ يىلى، بىز كەنتتىكى 60 نەچچە نامرات ئاھالىنى تەشكىللەپ ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بازاردا قارشى ئېلىشقا ئېرىشكەن پىچەكگۈل سورتىنى تاللىشىغا ياردەم بەردۇق، ھەمكارلىق كوپېراتىپى پىچەكگۈل تېرىش، سېتىشنى تەشكىللەپ، ياخشى نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئېرىشتى. بۇلتۇر پىچەكگۈلدىن مول ھوسۇل ئېلىنىپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپى سېتىش يولىدىن غەم قىلىپ تۇرغاندا، بىز شىركەتكە بۇ ئەھۋالنى دوكلات قىلدۇق، شىركەت شىنجاڭدىكى قارىمىقىدىكى بارلىق شىركەتلەرنىڭ سېتىۋېلىش يوللىرىنى ئېچىپ، ھەرقايسى شىركەتلەرنىڭ كەنتتىن بىۋاسىتە سېتىۋېلىشنى ئىشقا ئاشۇردى» دېدى خې خۇڭشىڭ. بۇلتۇر، بۇ كەنتتىكى پىچەكگۈلنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ قارىمىقىدىكى شىركەتلەر سېتىۋالدى.

ئۇۋادى كەنتىنىڭ پىچەكگۈلى دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تىزىملىكىدىكى تاۋارلارنىڭ پەقەت بىرى. بۇلتۇر، بۇ شىركەت قارىمىقىدىكى ئورۇنلارنىڭ ئاشخانىلىرى ۋە كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى چىرىنىڭ چىلىنى، ياڭقى، ئانىرى، پىچەكگۈلى، قارا توخۇسى قاتارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشقا سەپەرۋەر قىلدى، شۇ يىلى سېتىۋېلىش سوممىسى 5 مىليون 710مىڭ يۈەنگە يەتتى.

بۇ يىل، دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى خىزمەت ئەترىتى ئەۋەتكەن چىرا ناھىيەسىدىكى 12 كەنتنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بۇ شىركەت مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ئاشخانىلار ھەم خادىملارنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 12 كەنتنى ماسلاشتۇرۇپ چىلان، ياڭاق، ئانار، پىچەكگۈل، قوي، قارا توخۇ قاتارلىق خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، ئوراپ قاچىلاش، توشۇش، سېتىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەشكىللەپ قانات يايدۇردى.

«بىز چىرا ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش پىلانى ۋە ئاشخانىلارنىڭ يېمەكلىك ماتېرىياللىرىنى ئىشلىتىش ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، قارىمىقىمىزدىكى كارخانىلارنى ئېھتىياجىغا قاراپ سېتىۋېلىشقا ئورۇنلاشتۇردۇق. ئاشخانىلار ھەمدە ئىشچىلار ئۆيۈشمىلىرى ئېھتىياجلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئالدى بىلەن چىرا ناھىيەسى تەمىنلەشكە ئاساسەن كاپالەتلىك قىلىپ، ئىستېمال قىلىش بىلەن بىللە، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردۇق» دېدى دۆلەت ئېلېكتىر تورى شىنجاڭ ئېلېكتىر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى پارتىيە كومىتېتى پارتىيە قۇرۇلۇشى بۆلۈمى ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشقارما باشلىقى ئادىل تەلئەت.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

توپتا ئاقسۇ شەھىرىدىكى بىر مېھمانساراينىڭ مەسئۇلى ياڭ فېڭسەي ۋە ئارزىگۈل قاتارلىق بەش تۇغقان بار. يان تېلېفون ئېكرانىدا، ياڭ فېڭسەي: «تۇغقانلار، ئۆيۈڭلەردە نېمىگە ئېھتىياجلىق بولۇۋاتىسىلەر؟ ياردەم كېرەكمۇ ـ ئەمەسمۇ؟» دەپ سورىغاندا، «كۆڭۈل بۆلگىنىڭىزگە رەھمەت، سىزدەك ئىنىمنىڭ بولغانلىقىدىن مەن بەك خۇشال!» دەپ جاۋاب قايتۇردى ئارزىگۈل ئەمەت.

ئارزىگۈل قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىلا ياڭ فېڭسەيدىن ياردەم سورايتتى. «يۇقۇم تۇيۇقسىز كەلدى، مەن پۇل ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي، تۇرمۇش بۇيۇملىرى سېتىۋېلىشقا پۇلۇم يېتىشمىدى، ئىنىم دەرھال پۇل ئەۋەتىپ بەرگەندە كۆزلىرىمدىن بىراقلا ياش تۆكۈلدى» ئارزىگۈل چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن مۇنداق دېدى: «ئۇ تۇغقىنىملا ئەمەس، بەلكى ئائىلىمىزنىڭ ئەزاسى».

سودىگەرلەرنىڭ ئۈندىدار خاتىرىسى دەل مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ ھېكايە توپلىمى. شياۋتيەنئېي ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرى دۇكىنىدا، دۇكاندار مەمەتجان قاسىم ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن ھالدا مۇخبىرلارغا تۇغقىنى ياڭ چىڭخۇا بىلەن ئۈندىداردا قىلىشقان گەپلىرىنى كۆرسەتتى. «ئاكام مەن ئەتكەن پولۇغا ئامراق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە يېيەلمىدى، ئۇ ناھايىتى تىت ـ تىت بولۇپ، ئۇنىڭغا قانداق ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويۇشۇمنى ئېيتتى.» مەمەتجان ئالايىتەن پولۇنىڭ بىر پارچە سۈرىتىنى كۆرسەتتى، بۇ، ياڭ چىڭخۇا ئۇنىڭ يېتەكلىشىدە ئەتكەن پولۇ بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ھەمكارلىق مېۋىسى ئىدى.

ياڭ چىڭخۇا ياڭراتقۇ تىجارىتى قىلىدىغان بولۇپ، ئىش ئەسلىگە كەلگەندىن بۇيان دائىم كاماندىروپكىغا چىقىدىكەن، ئىككىسى ناھايىتى ئاز كۆرۈشىدۇ، لېكىن دائىم بىر ـ بىرىنىڭ غېمىنى يەپ، ھال ـ ئەھۋال سورىشىپ تۇرىدىكەن. «مەن ئۇنىڭغا يولدا بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتتىم، ئۇ ماڭا دۇكاننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئىشلەشنى تاپىلىدى.» مەمەتجاننىڭ دېيىشىچە، ئۇلار ھاۋا يەنە ئازراق ئىللىسا، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى بىرلىكتە شەھەر سىرتىغا چىقىپ ساياھەت قىلىشقا كېلىشىپتۇ.

ئايشەمگۈل مۇخبىرلارغا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى: ئىش، ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دۇكانلار ئازدۇر ـ كۆپتۇر بىر قىسىم قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى، مەھەللە ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كۆپچىلىكنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ياخشى ئىشلىشىگە، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسەتلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىشىغا ياردەم بەردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇۋاپىق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، قوشماقلاشقان تۇغقانلار ئارىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىكىر ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. «5 ـ ئايدا سودىگەرلەرنىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش پىلانلاندى» دېدى ئۇ.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، بۆگۈنكى كۈندە، سودىگەرلەرنىڭ قوشماقلىشىپ تۇغقانلىشىش دائىرىسى ئەڭ دەسلەپكى شىڭلۇڭ كوچىسىدىن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ يەتتە ناھىيەسى، ئىككى شەھىرى ھەم بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك ئارىسىغىچە كېڭەيگەن. ئەمەلىيەتتە، ۋاڭسەن كوچىسىغا «قەلبداشلار دەرىخى» تىكىلىپ بولۇندى، بۇ قېتىم ۋەۋىسكا ئېسىلغان «قەلبداشلار دەرىخى» خۇڭچياۋ كوچىسىدىكى يەنە بىر مەھەللە — دولان مەھەللىسىدىكى نەنچاڭ يولىغا تىكىلدى. بۇ تۇپراقتا، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى دەرىخى يەنە يېڭى يېشىللىقنى كۆپەيتتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى رىشتىدىن يەنە يېڭى كۈي پۈتۈلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاۋىياتسىيە ئەشيا ئوبوروت باغچىسىنىڭ شەرقىي ئايرىش پونكىتى ئۆيى تۈرىدە جىددىي قۇرۇلۇش قىلىنىۋاتاتتى.

تونۇشتۇرۇلۇشىچە، ئايرىش پونكىتى ئۆيى ھەرقايسى ئاۋىياتسىيە شىركەتلىرى ھەم مال ئىگىلىرىنى خەلقئارا ئاۋىياتسىيە يۈك ترانسپورتى يەر يۈزى مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەيدىغان نېيترال جەمئىيەت ترانسپورت مۇلازىمىتى تېپىدىكى ئەشيا ئوبوروت سىستېمىسى قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئۈرۈمچى ئايروپورتى ئاۋىياتسىيە ئەشيا ئوبوروت باغچىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا كۆپ خىل شەكىلدە بىرلىشىپ توشۇش، ئالماشتۇرۇپ قاچىلاش مەشغۇلات ئەسلىھەسى ئىكەن. تۈرنىڭ ئومۇمىي ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى تەخمىنەن 98 مىڭ كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىكەن، ئومۇمىي قۇرۇلۇش كۆلىمى 6600 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىكەن، ئومۇمىي مەبلەغ سېلىنمىسى 299 مىليون 870 مىڭ يۈەن ئىكەن.

جۇڭگو بىناكارلىق قۇرۇلۇش باش شىركىتى 3 ـ ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئاۋىياتسىيە ئەشيا ئوبوروت باغچىسى تۈرىنىڭ مەسئۇلى ليۇ يۈڭشۇ مۇنداق دېدى: تۈردە تېزدىن ئىش باشلاش، ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، بىرقانچە نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارمىقى «يېشىل يول» ئاچتى. ھازىر يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قاتتىق ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، تۈر قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتى تېزلىتىلمەكتە. شىنجاڭ ئايروپورت گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى قۇرۇلۇش قىلىش بۆلۈمى ئۆي قۇرۇلۇشىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى جاڭ يۈۋېي، بۇ تۈرنى 12 ـ ئايدا ئىشقا كىرىشتۈرۈش مۆلچەرلەندى، دېدى.

ئۈرۈمچى ئايروپورتى ئاۋىياتسىيە ئەشيا ئوبوروت باغچىسىنىڭ ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى تەخمىنەن 525 مو، يىرىك پىلاندىكى نىشان 2030 ـ يىلى خەلقئارا يۈك توشۇش مىقدارىنى 200 مىڭ تونناغا يەتكۈزۈش، شەرقىي ئايرىش پونكىتى ئۆيىنىڭ يىرىك پىلاندىكى نىشانى 120 مىڭ توننىلىق يۈك توشۇش مىقدارىنى بىر تەرەپ قىلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش قىلىپ بېكىتىلگەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«8 ـ ئايدىن 12 ـ ئايغىچە شامال رايونىدا بوران بىرقەدەر ئاز چىقىدىغان مەزگىل، گەرچە قۇرۇلۇش قىلىش شارائىتى جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن كۆپچىلىك تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، يول يوق ئەھۋالدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ تاغدا 50 كىلومېتىر يان يول ياساپ، قۇم ـ شېغىل ماتېرىياللىرى، سېمونت، پولات ماتېرىياللىرى، ماشىنا قاتارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى قۇرۇلۇش مەيدانىغا يۆتكەپ كېلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا شامال توسۇش تېمى قۇرۇلۇشىنى تاماملىدۇق».

مۇخبىرنىڭ ئىگىلىشىچە، پويىز ئۆتىدىغان يول بۆلىكىنىڭ ئوخشاش بولمىغان شارائىتىغا ئاساسەن، جەنۇبىي شىنجاڭ تۆمۈريولى 100 چاقىرىملىق شامال رايونىنىڭ شامال توسۇش تېمى قۇرۇلۇشىدا توپا توسما شەكىللىك، قوش تارتىملىق ۋە كۆۋرۈكسىمان شامال توسۇش تېمى لايىھەسى قوللىنىلغان بولۇپ، شامال سۈرئىتى ئۈنۈملۈك تۆۋەنلىتىلىپ، بورانلىق ھاۋا رايىنىڭ پويىزنىڭ قاتنىشىغا كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئازايتىلىپ، «فۇشىڭ» ناملىق ئوق پويىز گۇرۇپپىسىدىكى پويىزلارنىڭ شامال رايونىدىن سىلىق، بىخەتەر ئۆتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنغان.

2019 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۈرۈمچىدىن كورلىغىچە شىنجاڭ ئىچىدە «فۇشىڭ» ناملىق ئوق پويىز گۇرۇپپىسىدىكى پويىزلار ئالدى بىلەن قاتنىغان، ئىككى جاي ئارىسىدىكى پويىزنىڭ يۈرۈش ۋاقتى زور دەرىجىدە قىسقىراپ ئەڭ تېز بولغاندا 3 سائەت 38 مىنۇت بولغان.

ئىگىلىنىشىچە، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى يەنە 30 چاقىرىملىق شامال رايونى، مايتاس شامال رايونىدا بوراندىن مۇداپىئەلىنىش تونېلى، شىۋىرغاندىن مۇداپىئەلىنىش قاشاسى، ئاستىلىتىش يانتۇلۇق نىسبىتى قاتارلىق تاقابىل تۇرۇش چارىلىرىنى قوللىنىپ، پويىزلارنىڭ بىخەتەر قاتنىشىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلغان.

---

# «كىگىز ئۆينى سۆزلىتىمەن»

—— شىنجاڭدىكى قازاق «كەشتىچى ئايال»نىڭ شېئىرىي ۋارىسلىق قىلىشى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى چېن شياۋخۇ، جاڭ جۈڭكەي، گۇ يۇ

4 ـ ئايدىكى ئىلى دەرياسى ۋادىسى ھاياتى كۆكچە تولۇپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ غۇلجا شەھىرى يېشىللىققا پۈركەلگەندى. كونا شەھەر رايونىدا، قىزغۇچ رەڭدىكى ئىككى قەۋەتلىك ئۆينىڭ ھويلىسىدا، بىر نەچچە يىگىت ئالدىراش ياغاچچىلىق قىلىۋاتاتتى. بۇ «كەشتىچى ئايال» —— جېڭىسگۈل نۇردانىئانىڭ ئىشخانىسى ئىدى. دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك تۈرى بولغان قازاق مىللىتىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىگە ۋارىسلىق قىلغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جېڭىسگۈل ئىزچىل كىيىم ـ كېچەك، ئۆزگىچە كىگىز ئۆي قاتارلىقلار ۋەكىللىكىدىكى قازاق مىللىتىنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش، ئىشلەش ۋە كېڭەيتىشكە ئىزچىل كۆچەپ، 22 يىل «كەشتىلەش» بىلەن شۇغۇللاندى.

### «چاڭىراق»: كىگىز ئۆينىڭ تۈڭلۈكى مەڭگۈ يورۇق بولغۇسى

جېڭىسگۈلنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا، ئۇ كەسىپنى كېڭىشىش ئۈچۈن ئۇرۇلغان بىر تېلېفون بىلەن «ئالدىراش» ئىكەن. گەرچە يېشى 50تىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن پاكار بويلۇق، كالتە چاچلىق جېڭىسگۈل قارىماققا روھلۇق، تېتىك كۆرۈنەتتى. 2012 ـ يىلى كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىنى شىركەتكە تەرەققىي قىلدۇرغاندىن كېيىن، جېڭىسگۈلنىڭ ئىشى كۈندىن ـ كۈنگە ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇ: «سودا قىلىش» قا قارىغاندا، «مەدەنىيەت تارقىتىش»نى تېخىمۇ مۇھىم بىلىمەن، دېدى.

قازاق مىللىتىنىڭ كەشتىچىلىكى ئاساسلىقى مىللىي كىيىم ـ كېچەك، كىگىز ئۆي قاتارلىق بېزەك بۇيۇملىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، بۇ ئۇزاق ۋاقىت يايلاقتىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا ماسلىشىشنىڭ مەدەنىيەت مەھسۇلىدۇر. ئىلى دەرياسى ۋادىسى دۆلىتىمىزدىكى قازاق مىللىتى ئاساسلىق توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ بىرى. جېڭىسگۈل كىچىكىدىن تارتىپ بۇ يەردە ياشىغان بولۇپ، ئەجدادلىرىدىن تارتىپ كەشتە تىكىش ئەنئەنىسى بولغاچقا، ئۇ ئانىسىغا ئەگىشىپ بەزى كەشتە تىكىش ماھارەتلىرىنى ئۆگەنگەن. داشۆدە ئوقۇغان چاغلىرىدىلا، ئۇ قازاق مىللىتىنىڭ ھەرخىل كىيىم ـ كېچەك گۈل نۇسخىسى قاتارلىق مەدەنىيەت بەلگىلىرىنى يىغىشنى ياخشى كۆرەتتى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، يىغقان ماتېرىياللار ئۇنىڭ كېيىنكى كۈندە ئىگىلىك تىكلىشىدىكى بايلىقىغا ئايلاندى. 1998 ـ يىلى جېڭىسگۈل مىللىي كىيىم ـ كېچەك پىششىقلاش زاۋۇتى قۇردى، مەھسۇلاتلىرىنىڭ گۈل نۇسخىسى، سىزىقچىلىرى كۆپ بولغاچقا، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا ياخشى سېتىلدى.

«كىگىز ئۆي قازاق چارۋىچىلارنىڭ ‹كۆچمە ئۆيى›، دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، نۇرغۇن چارۋىچى كۆچمەن چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلىنىپ، كىگىز ئۆينىڭ ئولتۇرۇش رولىمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگەردى.» جېڭىسگۈل مۇنداق دېدى: كىگىز ئۆينىڭ تۈڭلۈكى قازاق تىلىدا «چاڭىراق» دېيىلىدۇ، جەمەتكە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. «ياشانغانلار ‹چاڭىراق›نى ئەڭ كىچىك بالىسىغا قالدۇرىدۇ، بۇ، جەمەتنىڭ شان ـ شەرىپى، مال ـ مۈلكى، مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭغا قالدۇرغانلىق بولۇپ، تەنتەنىلىك مۇراسىم ھېسابلىنىدۇ، مەن بۇ خىل مەدەنىيەتنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ئۇ.

### «تاسبۇلاق»: مىللىي كەشتىچىلىك بۇلىقى توختىماي ئېتىلىپ چىققۇسى

جېڭىسگۈلنىڭ شىركىتىنىڭ ئىسمى «تاسبۇلاق» بولۇپ، تاشبۇلاق دېگەن مەنىدە. «مىللىي كەشتىچىلىك مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىشنىڭ بۇلاق سۈيىگە ئوخشاش توختىماي ئېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى ئۇ.

ئەجدادلار ۋارىسلىق قىلىشنىڭ مەنبەسى. زاۋۇت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدە، ئۇ ئىلىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ياشانغان «كەشتىچى ئايال»لارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇلاردىن «تەلىم» ئالدى، نۇرغۇن ياشانغان كىشى ھازىرمۇ كەشتىچىلىكنى ئۆگىنىدىغان ياشلارنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. جېڭىسگۈل مۇنداق دېدى: «تېكەس ناھىيەسىدىكى بىر موماي ئۆزى بىلىدىغان كەشتىچىلىك ماھارىتىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا ئۆگىتىپ قويدى. نۇرغۇن ياشانغان كىشى ئۆزلىرى ساقلاپ كەلگەن كەشتە بۇيۇملىرىنى ماڭا تاپشۇردى، بەزىلىرى كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن ئالايىتەن ماڭا ياخشى قوغداش ۋە ۋارىسلىق قىلىشنى تاپىلىدى».

شىركەتنىڭ بىرىنچى قەۋەتتىكى كۆرگەزمە زالىغا بىر شىرداق ئېسىلغان بولۇپ، بۇنى جېڭىسگۈل چەت ـ ياقا رايوندىكى چارۋىچىلار ئائىلىسىنىڭ تونۇر بېشىدىن «قۇتقۇزۇۋالغان» ئىدى. «بۇ ئائىلىنىڭ كېلىنى بۇنى كۆل توزۇشنى توسۇش ئۈچۈن تونۇرغا يايقان ئىكەن، ئۇنىڭدىكى بىلىنەر ـ بىلىنمەس گۈل سىزىقچىلىرى مېنى بىردىنلا جەلپ قىلىۋالدى، سېتىۋېلىپ كېلىپ، ئۆيدە ئون كۈن سۇغا چىلاپ قويغاندىن كېيىن، نەپىس كەشتىسى قايتا نامايان بولدى.» ئۇ بۇ شىرداقنى 100 يىلدىن كۆپرەك تارىخقا ئىگە دەپ مۆلچەرلەپ، ئۇنى «دۇكاننىڭ گۆھىرى» دەپ بىلدى.

شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت جېڭىسگۈلنىڭ مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىنى قوغدىشى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشىغا ئىزچىل پائال مەدەت بېرىپ كەلدى. 2011 ـ يىلدىن باشلاپ، ئۇنىڭ شىركىتى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى نۇقتىلىق ئىشلەپچىقىرىش كارخانىسى بولۇپ باھالانغان ھەم مۇناسىپ سىياسەت ۋە مەبلەغ مەدەتتىدىن بەھرىمەن بولغان، ئۇنىڭ كەسپىمۇ شۇ جايدىكى 1000دىن كۆپرەك دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولغان.

### «سىرماق»: مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىنى خۇددى شىرداقتەك جۇلالاندۇرۇش

«سىرماق» قازاق تىلىدا كىگىز ئۆيدە يەرگە سېلىنىدىغان شىرداقنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ، گۈل نۇسخىلىرىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، قازاق كەشتىچىلىكىنىڭ ئىنتايىن ئەجدادىيلىققا ئىگە قىسمى. ۋارىسلىق قىلىش جەريانىدا، جېڭىسگۈل ھەم ئەنئەنىگە ھۆرمەت قىلدى، ھەم پائال ئىسلاھ قىلىشقا ئىنتىلدى.

كىگىز ئۆينىڭ ئاساسىي گەۋدە ماتېرىيالى بولۇش سۈپىتىدە، ئەنئەنىۋى كىگىزنى «كۆتۈش» ناھايىتى تەس: نەملىكتىن قورقىدۇ، ئاسان كۈيە چۈشىدۇ، غەيرىي پۇرىقى بار. جېڭىسگۈل ئىچكى موڭغۇلدىكى بىر كارخانا بىلەن يېڭى تىپتىكى كىگىزنى ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىپ ئېچىپ، بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى، ياسىغان كىگىز ئۆيلىرى ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشتى.

مەھسۇلاتتا يېڭىلىق يارىتىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، جېڭىسگۈل باشقا سەنئەت ئامىللىرىنى سىڭدۈرۈشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، گۈزەل سەنئەت ۋە لايىھەلەش كەسپىدە ئوقۇغان «90 ـ يىللاردا تۇغۇلغان» تۆت خادىمنى تەكلىپ قىلىپ، ئۆگىتىش، ياردەم بېرىش، يېتەكلەش جەريانىدا مەھسۇلاتنىڭ لايىھە تۈسى ۋە بەدىئىيلىكىنى يۇقىرى كۆتۈردى.

مۇخبىرلار زىيارەت داۋامىدا، جېڭىسگۈلنىڭ يېنىدا يەنە بىر قابىل ياردەمچى —— ئۇنىڭ ئوغلى مارغۇلان جارقىننىڭ بارلىقىنى بايقىدى. بېيجىڭدا داشۆنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مارغۇلان ئىلىغا قايتىپ كېلىپ، ئانىسىغا ياردەملىشىپ مەھسۇلاتلارنى كېڭەيتتى.

«ۋارىسلىق قىلغۇچى بولغان ئانامنىڭ ۋارىسى بولمىسا بولمايدۇ.» مارغۇلان رەقەملەشتۈرۈپ مودېل ياساش ئارقىلىق، ئانىسىنىڭ كىگىز ئۆي قاتارلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆرنىكىنى تورغا ئېلىپ چىقتى. بۇلتۇر، ئۇ ئانىسى بىلەن بىرلىكتە ئېگىزلىكى 10.2 مېتىر، دىيامېتىرى 20 مېتىر، قۇرۇلۇش كۆلىمى تەخمىنەن 350 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان چوڭ كىگىز ئۆينى لايىھەلەپ ياساپ، ئۇنى شۇ جايدىكى توردا ئالقىشلانغان جەزمەن بارىدىغان جايغا ئايلاندۇردى.

«كېيىنچە بىز مەۋھۇم ـ ئەمەلىي تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ نامايان قىلغاندىن باشقا، يەنە توڭلاتقۇ چاپلىقى، زىبۇ ـ زىننەت قۇتىسى قاتارلىق ئېلىپ يۈرۈشكە تېخىمۇ ئەپلىك مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتى مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئاچىمىز...» كەلگۈسى ئۈستىدە توختالغاندا، مارغۇلان سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلاندى.

جېڭىسگۈلمۇ تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىللىققا ئىگە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيىتىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش شەكلى ئۈستىدە ئويلىنىۋاتاتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز كونا نەرسىلەرنى جانلاندۇرۇپ، كىگىز ئۆينى سۆزلىتىشىمىز كېرەك».

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**